جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

(1) ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن دۆلەتنى ئاساسىي قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئالدى بىلەن ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇننى ئىزاھلاش تەرتىپى مېخانىزمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇنلاشقان تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا خىلاپ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى قانۇن بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە تۈزىتىش كېرەك. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىرلىكى، ئىززىتى، نوپۇزىنى قوغداپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا خىلاپ بارلىق قىلمىشلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

(2) قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى دېموكراتىك چىقىرىش، قانۇننى قانۇن بويىچە چىقىرىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان قانۇن چىقىرىش خىزمەت ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چىقىرىش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاشنى تەڭ تۇتۇپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قانۇننى يادرو قىلغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم ساھەلەردە قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن دائىرىسى سىرتىدا تەتبىقلىنىدىغان قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ياخشى قانۇن ئارقىلىق ياخشى ئىدارە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(3)جەمئىيەت ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقىنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدا خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ دائىرىدىكى ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بارلىق خەلقنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقنىڭ سادىق ھىمايەتچىلىرى، ئاڭلىق رىئايە قىلغۇچىلىرى، قەتئىي قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. قانۇن بولغان ئىكەن جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا جەزمەن قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى ئەركىن جازا ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە چېتىشلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ياندىشىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوت قىلىش تۈزۈمى، تەپتىش قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئادىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، نوپۇزلۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

(4) قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش. مەمۇرىي ھوقۇق، رېۋىزىيە ھوقۇقى، سوت قىلىش ھوقۇقى، تەپتىش قىلىش ھوقۇقىنىڭ قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش ھەرىكىتىگە ئارىلىشىشنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. ئاممىۋى پاراۋانلىق دەۋا دېلولىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلمىشلىرىنى جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، جازالاش خاراكتېرلىك تۆلەم تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، جىنايى جاۋابكارلىقنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي خەلق قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ھەمدە رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا ھۆرمەت قىلىپ، قانۇن ئۆگىنىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، قانۇننى ئىشلىتىپ، قانۇنچىل تەپەككۇر ۋە قانۇنچىل ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش، مۇقىملىقنى قوغداش، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

بەشىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەمۇرىيەت تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش

دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك مۇھىم، زور ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بارلىق مەمۇرىي ئورگانلار جەزمەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلققە مەسئۇل بولۇش، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق رازى بولىدىغان مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەت قۇرۇشى كېرەك.

(1) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. دۆلەت ئاپپاراتلىرى فۇنكسىيەسىنىڭ سەرخىل، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش، مەمۇرىي ئىجرا قىلىش، مەمۇرىي تەشكىلات، مەمۇرىي نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. تارماقلارنىڭ ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆپ تارماق سىياسەت چىقىرىش، سىياسەت ئېففېكتىنى ئۆزئارا يوققا چىقىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولمىغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنى يەنىمۇ بىرىكتۈرۈپ، ساھە ھالقىغان، تارماق ھالقىغان ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىشنى يولغا قويۇش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى تۆۋەنگە يۆتكەشكە تۈرتكە بولۇپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر گەۋدىلەشكەن مەمۇرى ئىشلار مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك مەمۇرىي ئىجرا سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا كۈچى ۋە ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

(2) ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، جەمئىيەت باشقۇرۇش، ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق فۇنكسىيەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ، ھۆكۈمەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، قويۇپ بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي تەستىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچى قىلغان، مالىيە سىياسىتى ۋە پۇل سىياسىتىنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ، سېلىنما، ئىستېمال، رايون قاتارلىق سىياسەت ماسلىشىپ كۈچەيدىغان ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى يىرىك پىلانى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۆلچەمى ئىلمىي، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى، ئاشكارا، چەكلىمىسى كۈچلۈك خامچوت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. زامانىۋى مەركىزىي بانكا تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئاساس پۇل سېلىنما مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈپ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە بازارلاشقان ئۆسۈم نىسبىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، سۈپەتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئۆتۈشچانلىقىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق تېخنىكا ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈم ـ قائىدىسىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. رەقەملىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، سانلىق مەلۇماتتىن تەرتىپلىك ئورتاق بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، شەخسىي ئۇچۇرلارنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك.

(3) ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش. ئاپپارات، فۇنكسىيە، ھوقۇق دائىرىسى، تەرتىپ، مەسئۇلىيەتنى قانۇندا بەلگىلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇش، فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇش، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئاپپارات ئىشتاتىنى باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، مەمۇرىي باشقۇرۇش بايلىقىدىن بىرتۇتاش پايدىلىنىپ، مەمۇرىي تەننەرخنى تېجەش كېرەك. مەمۇرىي رايون دائىرىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەركىزىي شەھەرلەر ۋە شەھەرلەر توپىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆتۈرۈشچانلىقى ۋە بايلىقنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، قاتلامنى ئازايتىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەشكىلىي سىستېما شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

(4) مەركەز بىلەن يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ماكرولۇق ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۆلەت قانۇن ـ تۈزۈمىنىڭ بىردەكلىكى، سىياسەت ـ پەرمانلىرىنىڭ بىردەكلىكى، بازارنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداش كېرەك. مەركەزنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، رايون ھالقىغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق كۈچەيتىپ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئورتاق ئىش ھوقۇقىنى ئازايتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. يەرلىككە تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىپ، يەرلىكنىڭ خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇشىنى قوللاش كېرەك. ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت بىردەك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، تىك لىنىيەلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە يەرلىكنىڭ دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەتلەر ئارا ئىش ھوقۇقى ۋە مالىيە ھوقۇقىنى ئايرىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، مالىيە كۈچى ماسلاشقان، رايونلار ئارا تەڭپۇڭ بولغان مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مالىيە مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇقىم بولغان ئىش ھوقۇقى، چىقىم مەسئۇلىيىتى ۋە مالىيە كۈچىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈزۈمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مەركەزدىن يەرلىككىچە ھوقۇق ـ مەسئۇلىيەت ئېنىق، ئايلىنىشى راۋان بولغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان خىزمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قاتارلىقلار سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمى ھەم سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى ھەم دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ئۇيغۇنلاشتى، بۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىدۇر. جەزمەن سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپ قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسىنى تېز ئورنىتىش كېرەك.

(1) قىلچە تەۋرەنمەي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قىلچە تەۋرەنمەي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش، قوللاش، يېتەكچىلىك قىلىش. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل ئىشقا ئاشۇرۇلۇش شەكلى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، تىزگىنلەش كۈچى، تەسىر كۈچى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەت كاپىتالىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كاپىتال باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت كاپىتالى سېلىنمىسى، تىجارەت شىركەتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسى، رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پۇقراۋى ئىگىلىك، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان قانۇنچىل مۇھىتنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەر مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغان سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك مۈلۈكچىلىك سۇبيېكتلىرى بايلىق مۇھىم ئامىللىرىنى قانۇن بويىچە باراۋەر ئىشلىتىدىغان، ئاشكارا، ئادىل، ھەققانىي رىقابەتلىشىدىغان، قانۇن تەرىپىدىن باراۋەر قوغدىلىدىغان بازار مۇھىتى يارىتىش كېرەك. يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

(2) ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك تاپاۋىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمگەكچىلەر، بولۇپمۇ بىرىنچى سەپتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ، ئىش ھەققىنىڭ دەسلەپكى تەقسىماتتىكى نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئەمگەك، كاپىتال، يەر، بىلىم، تېخنىكا، باشقۇرۇش، سانلىق مەلۇمات قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بازار تۆھپىسىنى باھالايدىغان، تۆھپىسىگە قاراپ ئىش ھەققىنى بەلگىلەيدىغان مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. باج، ئىجتىمائىي كاپالەت، يۆتكىمە چىقىم قاتارلىقلارنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان قايتا تەقسىماتنى تەڭشەش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، باجنى تەڭشەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىۋاستە باج تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم ئۇنىڭ نىسبىتىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزا، رايون، ئوخشاش بولمىغان توپلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. ئۈچىنچى قېتىملىق تەقسىمات رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈش قاتارلىق جەمئىيەت ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشقا ئىلھام بېرىپ، قانۇنلۇق كىرىمنى قوغداپ، تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىنى كېڭەيتىش، زىيادە يۇقىرى كىرىمنى تەڭشەش، يوشۇرۇن كىرىمنى ئېنىقلاش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنسىز كىرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك.

(3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش. يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسى ئورنىتىپ، ئادىل رىقابەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بازار ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىكى تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازىتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ۋەيران بولۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. رىقابەت سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئادىل رىقابەتنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. ئادىللىق پرىنسىپ قىلىنغان مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جازا خاراكتېرلىك تۆلەم تۈزۈمى ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ سودا مەخپىيەتلىكىنى قوغداشنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇھىم ئامىل بازىرى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم ئامىل باھاسىنى بازار بەلگىلەش، يۆتكىلىشى مۇستەقىل، تەرتىپلىك بولۇش، سەپلىنىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئادىل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كوللېكتىپ دەۋا تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. كاپىتال بازىرىنىڭ ئاساسىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۈكسەك ماسلىشىشچانلىققا، رىقابەت كۈچىگە، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىققا ئىگە زامانىۋى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك. ئىقتىسادنى تۈزەش ئاساسىي سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. ئىلغار ياسىمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئەمەلىي ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ۋە دۆلەت ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تۈزۈم، سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزا يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. رايونلار ماس تەرەققىياتنىڭ يېڭى مېخانىزمنى بەرپا قىلىپ، سۇبيېكتلىق ئىقتىدارى روشەن بولغان، ئەۋزەللىك ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

(4) پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئىلىم ـ پەن روھى ۋە ھۈنەرۋەن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەت تەجرىبىخانىسى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغان يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاساس تەتقىقات سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ئاساس تەتقىقاتقا، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىدىغان، مەدەت بېرىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. كارخانا سۇبيېكت قىلىنغان، بازار يېتەكچى قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى ئورنىتىپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە تۈرلۈك سۇبيېكتلارنىڭ پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىشنى قوللاپ، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش مېخانىزمنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆلچەم يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپ ئاساس ئىقتىدارى ۋە كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پەن ـ تېخنىكا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا باھالاش سىستېمىسىنى ياخشىلاپ، پەن ـ تېخنىكا ئەخلاقى بىلەن ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك.

(5) تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش. تېخىمۇ زور دائىرىلىك، تېخىمۇ كەڭ ساھەلىك، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ياسىمىچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك، يېزا ئىگىلىكىدە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، چەت ئەل مەبلىغىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئىچكى ـ تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئادىل رىقابەتلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاشقى سودىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنى كېڭەيتىپ، خەلق پۇلىنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش ئىجازىتىدىن بۇرۇنقى دۆلەت پۇقراسلىق مۇئامىلىگە پاسسىپ تىزىملىكنى قوشۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قائىدە، بەلگىلىمە ـ تۈزۈم، باشقۇرۇش، ئۆلچەم قاتارلىق تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. چەت ئەلگە مەبلەغ سېلىش سىياسىتى ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئەركىن سودا سىناق رايونى، ئەركىن سودا پورتى قاتارلىق سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ئېگىزلىك قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. خەلقئارا ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. چەت ئەل سودىگەرلىرى سېلىنمىسىنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى بويىچە تەكشۈرۈش، مونوپوللۇققا قارشى تۇرۇش بويىچە تەكشۈرۈش، دۆلەت تېخنىكا بىخەتەرلىكى تىزىملىكى بويىچە باشقۇرۇش، ئىشەنچسىز ئەمەلىي گەۋدە تىزىملىكى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. چەتكە چېتىشلىق ئىقتىساد ـ سودىنىڭ قانۇن ۋە قائىدە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسنى مۇستەھكەملەش

سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ مەنىۋى كۈچىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ پۇختا تىرىكى. جەزمەن مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، بايراق كۆتۈرۈش، ئەلراينى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىش بۇرچ ـ ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجادىي ئايلاندۇرۇش، ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، جۇڭگو روھى، جۇڭگو قىممىتى، جۇڭگو كۈچىنى تېخىمۇ ياخشى بەرپا قىلىش كېرەك.

(1) ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدىن ئىبارەت تۈپ تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش خىزمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى قاتارلىق ھەرقايسى قاتلام، دەرىجە بويىچە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، توردا ئۆگىنىش سۇپىسى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. ماركسىزملىق نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى ئىدىيەۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشى، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، بارلىق خادىملىق، پۈتۈن جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە ئادەم تەربىيەلەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى ئورنىتىش كېرەك. ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي پرىنسىپ مەسىلىسى، ئىدىيەۋى تونۇش مەسىلىسى، ئىلمىي قاراش مەسىلىسىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ھەرخىل خاتا قاراشلارغا قارشى تۇرۇش ۋە توسۇش كېرەك.

(2) سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تۈزۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، سوتسىيالىزم تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان قانۇن ـ سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ تەلىپىنى قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئىدارە قىلىشقا سىڭدۈرۈپ، خەلق مائارىپى، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا نامايان قىلىش كېرەك. جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى تەڭ تۇتۇش، ئورتاق باشقۇرۇش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پىدائىيلار مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. سەممىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلىغان ئىناۋەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، لەۋزىدە تۇرمىغانلارنى جازالاشنى كۈچەيتىش كېرەك.

(3) خەلقنىڭ مەدەنىيەت ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش. خەلق مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىشتىكى يېتەكچىلىك قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئامما ياقتۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت نادىر ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە، ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

(4) توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرىدىغان ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى خىزمەت مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. پارتىيە تاراتقۇلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇقىملاشتۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇشتا، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. تور ۋە تور سىرتى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن، ئىچكى ـ تاشقى تەشۋىقات ھەمتۈرتكە بولىدىغان ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكىر ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، مەزمۇن قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنغان، ئىلغار تېخنىكا تىرەك قىلىنغان، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش كاپالەت قىلىنغان پۈتۈن تاراتقۇ تارقىتىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىجابىي تەشۋىقاتنى ياخشىلاپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور ئاممىۋى پىكىر ئەھۋالى ۋە تاساددىپىي ۋەقەلەر ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. تورنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالاقە تورى مەزمۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئالاقە تورى كارخانىلىرىنىڭ ئۇچۇر باشقۇرۇش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تورنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، پاكىز تور بوشلۇقى بەرپا قىلىش كېرەك.

(5)جەمئىيەت ئۈنۈمىنى باش ئورۇنغا قويىدىغان، جەمئىيەت ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ئىجادىيىتى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىدىغان، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلىپىنى نامايان قىلىدىغان، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. زامانىۋى مەدەنىيەت كەسىپ سىستېمىسى ۋە بازار سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىش قىلىنغان مەدەنىيەت ئىقتىسادىي سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىچە مەدەنىيەت كەسىپ ھالىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىي قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، سالاپەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇسلۇبقا ئەھمىيەت بېرىش، مەسئۇلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان، پەسكەشلىككە، رەزىللىككە، چاكىنىلىققا قارشى تۇرۇش خىزمەت مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

سەككىزىنچى، شەھەر ـ يېزىلارنى بىرتۇتاش پىلانلايدىغان خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش

خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ ئومۇم ئۈچۈن پارتىيە قۇرۇش،

(ئاخىرى 7 ـ بەتتە)